# ئاللاھ تائالا: «مېنىڭ رازىلىقىم ئۈچۈن بىر- بىرىنى ياخشى كۆرگەنلەرگە، بىللە ئولتۇرغانلارغا، بىر- بىرىنى زىيارەت قىلغانلارغا، بىر- بىرىگە بېغىشلىغانلارغا مۇھەببىتىم ۋاجىب بولدى» دېگەن

ئەبۇ ئىدرىس خەۋلانىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: دەمەشىق جامەسىگە كىرسەم، جامائەت چىشلىرى ئاپئاق پارقىراپ تۇرغان بىر يىگىتنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋاپتۇ، بىرەر مەسىلىدە ئىختىلاپلىشىپ قالسا، ئۇنى ئاساس قىلىپ پىكرىنى ئالىدىكەن، مەن ئۇ يىگىتنىڭ كىملىكىنى سوراۋشتە قىلىۋىدىم، ماڭا: بۇ مۇئاز ئىبنى جەبەل، دېيىلدى، ئەتىسى چۈشتە جامەگە بالدۇرراق باردىم، ئۇ مەندىن بۇرۇن بېرىپ، ناماز ئوقۇۋېلى تۇرۇپتۇ، نامىزىنى ئوقۇپ بولغىچە كۈتۈپ تۇرۇپ، ئالدى تەرىپىدىن كېلىپ، سالام بەردىم، ئاندىن: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن» دېدىم، ئۇ: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەممۇ؟» دەپ سورىدى، مەن: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم» دېدىم، ئۇ يەنە: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەممۇ؟» دېدى، مەنمۇ: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم» دېدىم، ئۈچىنچى قېتىم: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەممۇ؟» دەپ سورىدى، مەن: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم» دېدىم، ئاندىن ئۇ تونۇمنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، مېنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرۇپ: «ساڭا خۇش بېشارەت بولسۇن!، چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا: «مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ بىر- بىرىنى ياخشى كۆرگەنلەرگە، بىللە ئولتۇرغانلارغا، بىر- بىرىنى زىيارەت قىلغانلارغا، بىر-بىرىگە بېغىشلىغانلارغا مۇھەببىتىم ۋاجىب بولدى، دەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى
سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام مالىك"مۇئەتتا"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بىر-بىرىنى ياخشى كۆرشۈشنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان. «بۇ ئىشلار {تفاعل} سىيغىسى ئىپادىلىگەندەك ئىككى تەرەپتىن سادىر بولۇپ، ماددى مەنپەئەت ئۈچۈن، غەرەزلىك ئەمەس، بەلكى پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا بولغاندا پەرۋەردىگارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ناھايىتى شەرەپلىكىدىن مۇكاپاتىمۇ كاتتا بولغان. يەنە بىر ھەدىستە : «كىم ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن) ياخشى كۆرسە ۋە ئۆچ كۆرسە، ئاللاھ رىزالىقىنى دەپ پۇل-مال بەرسە ۋە چەكلىسە ئۇ كىشى ئىمانىنى پۈتۈنلىگەن بولىدۇ» دېيىلگەن. بۇ ھەدىستە: ئاللاھ بىلەن قەسەم، مەن ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن سىلىنى ياخشى كۆرىمەن، دېگەندە، ئاللاھ بىلەن قەسەممۇ؟ دەپ تەكىتلەپ سورىغانلىقى، ئۇلارنىڭ تىلىدا قەسەم سۆزنى ئېنىقلاش، تەكىتلەش، تەكىتلەشنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر. «ئۇ مېنىڭ كىيىمىمنىڭ پېشىدىن تۇتۇپ» دېگەن سۆزدىن چاپاننىڭ ئىككى پېشىنى مەقسەت قىلغان. «ئۆزىگە تارتتى» دېگەن سۆزدىن يېقىنلاشتۇرۇش، چىقىشىش، سۆزنى قوبۇل قىلىش ۋە بۇ ئىشلارنى قىلغان كىشىگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى بىلەن خۇش-بشارەت بېرىشنى مەقسەت قىلغان. مۇئاز ئىبنى جەبەل ئۇنىڭغا: «خۇش-بشارەت ئال!، چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ :«ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم» دېگەن ھەدىس ئارقىلىق، بۇ يەردە بشارەت بەرگەن سۆزنى راس سۆزلىگۈچى ۋە راس سۆز ئېلىپ كېلىنگۈچى رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھ تائالادىن ھەدىس بايان قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئەبۇ ئىدرىس ئەلخەۋلانىنى ئىشەندۈرمەكچى بولغان، چۈنكى بۇ سۆزنى مۇئاز رەسۇلۇللاھتىن، رەسۇلۇللاھ ئاللاھ تائالادىن بايان قىلغان، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزى ئىجتىھاد قىلىپ دېمىگەن. «ئۇلارغا مۇھەببىتىم ۋاجىب بولدى» دېگەن سۆزدىن مەقسەت: مۇھەببىتىم ئۇلارغا مۇستەھكەم بولدى، دېمەكچى. «رازىلىقىمنى كۆزلەپ بىر- بىرىنى ياخشى كۆرگەنلەرگە، مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ بىللە ئولتۇرغانلارغا» دېگەن

سۆزدىن مەقسەت، ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشى ئاللاھ تائالانى ئەسلەش، شەرىئەت ئەھكامىنى تۈرغۈزۈش، ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىدە تۇرۇش، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش، شەرىئەتلىرىنى قوغداش، بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇپ چەكلىمىلىرىدىن يېنىشتا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولغان، دېمەكچى. ئاللاھ تائالانىڭ: «مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ بىر-بىرىنى زىيارەت قىلىشقانلار» دېگەن سۆزدىن، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنى زىيارەت قىلىشى پەقەت تائەت ئىبادەتتە ھەمكارلىشىش، ئۆز-ئارا دوسلۇشۇشتا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى، مۇھەببىتىنى، ساۋابىنى كۆزلەپ بولغانلىقى مەقسەت قىلغان. «مېنىڭ رازىلىقىم ئۈچۈن بىغىشلاشقانلارغا» دېگەندىن ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى دەپ ياۋلارغا قارشى قىلىنغان جىھادلارغا جېنىنى بېغىشلىغان، شەرىئەت بۇيرۇغان ياخشى ئىشلارغا، ئېھتىياجلىق كەمبەغەللەرگە چىقىم قىلغاننى مەقسەت قىلغان

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3362